# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
22
چارشەنبە
维吾尔文 1 月22日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24948 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو بىلەن بىرما تەقدىرداش قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇر

### ـــ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىرمىدا زىيارەتتە بولغان 25 سائەت توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خاۋ ۋېيۋېي، خو شياۋگۇاڭ

1 ـ ئاي بىرما پايتەختى نېيپىدۇنىڭ بىر يىلدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلى بولۇپ، قۇياش نۇرى ئىللىق، ھاۋاسى ساپ، ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن. شۇ جاي ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان بىرمىنىڭ ئىككى ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ قوغدىشى بىلەن، نېيپىدۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا ئاستا ـ ئاستا قوندى.

بۇ چاغدا، خۇاشيا زېمىنى چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. ئەمدىلا مۇستەقىللىق بايرىمىنى تەبرىكلىگەن بىرما خەلقى بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن ھالدا جۇڭگولۇق ئەزىز مېھمانلارنى دوستانە قارشى ئالدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا يۈننەنگە بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى

# پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى



1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈننەنگە كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چاغانلىق بەخت تىلىدى. سۈرەتتە: 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ تېڭچوڭ شەھىرى چىڭشۈي يېزىسى سەنجيا كەنتى جۇڭجەي سىمولا ۋازۇ كەنتىدە كەنت ئاھالىسى لى فاشۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى



1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈننەنگە كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چاغانلىق بەخت تىلىدى. سۈرەتتە: 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ كۇنمىڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزى كۆرگەزمە زالى سىرتىدىكى مەيداندا يۈننەندىكى ئاممىغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا ۋە چەت ئەلدىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا چاغانلىق بەخت تىلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ـــ دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈننەنگە كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە چاغانلىق بەخت تىلىدى.

يۈننەننىڭ كەڭ تۇپرىقىدا، كۆپكۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرغان، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ يۈننەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن خاۋ، ئۆلكە باشلىقى رۇەن چېڭفانىڭ ھەمراھلىقىدا، تېڭچوڭ، كۇنمىڭ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، يېزا، قەدىمىي بازار، ئېكولوگىيەلىك سۇلۇق يەر، چاغانلىق مال بازىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

باۋشەن شەھىرىگە قاراشلىق تېڭچوڭ شەھىرى چىڭشۈي يېزىسىنىڭ سەنجيا كەنتى ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات كەنت بولۇپ، 2017 ـ يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى. 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ سەنجيا كەنتىگە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شۇ جايدىكى كادىرلار باش شۇجىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سەنجيا كەنتىنىڭ يېزا ـ كەنت ساياھىتى، تېرىقچىلىق ـ باقمىچىلىق، ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى پايائال تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلىغانلىقىنى، نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتىنىڭ 2014 ـ يىلدىكى 21%تىن ھازىرقى 0.45%كە تۆۋەنلىگەنلىكىنى ئېيتتى. شى جىنپىڭ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىرمۇ مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھات ـ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلققە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## ئۇچتۇرپاندا تۈمەنلىگەن كىشى بازارغا بېرىپ چاغاننى كۈتۈۋالدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش
بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خاۋ لىك

ھەر شەنبە كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ بازار كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئاقتوقاي يېزىسى قاتار ئۆژمە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەلى ئوبۇل كىچىك ھارۋىسىدىكى چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى 1000دىن 2000غا كۆپەيتتى، سوقۇلغان لازىنىمۇ بىر پەتنۇستىن ئىككى پەتنۇسقا كۆپەيتتى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۇچتۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ چاغاندىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى بازار كۈنى ئىدى. سائەت 12دە، ئەلى بازارغا كىرگەندە، بازار قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، ئادەملەر مىغلداپ تۇراتتى. ھارۋا ئېقىمى، ئادەم ئېقىمىغا ئەگىشىپ بازارغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ بىر دوقمۇشتا توختاپ، مەشكە ئوت قالاپ چوڭ داستىكى چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى ئىسسىتتى. ناھايىتى تېزلا كىشىلەر ئولىشىپ كېلىپ، چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى سوقۇلغان لازىغا مىلەپ يېگەچ، پاراڭغا چۈشتى.

خېرىدارلارنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىنگەنلىكىنى، چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بەخت تۇيغۇسىنى كۆرۈپ، كۆپ يىلدىن بۇيان چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېتىپ كېلىۋاتقان ئەلى چاغاننىڭ ئالدىدىكى بازارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا قىزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. 2014 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، ئەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالە قەدەممۇقەدەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشقا قاراپ ماڭدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


چېن چۈەنگو چاغاننىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىدە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى



1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېيى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، بايرام مەزگىلىدە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق ئەڭ گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى. □ پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

**پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ:** جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېيى چېن چۈەنگو 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، بايرام مەزگىلىدە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق ئەڭ گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.

ئۈرۈمچى پانۇس ۋە لېنتىلار ئېسىلىپ، بايرام كەيپىياتىغا تولدى، ئوتتۇرا شەھەر ئۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلار ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، قىپقىزىل پانۇسلار چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنى چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

چېن چۈەنگو ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، بايرام مەزگىلىدە پار بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا چاغانلىق بەخت تىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كاتتا چاغان ھەممە ئائىلىلەر جەم بولىدىغان ۋاقىت، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتىدىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)